# ئۆزىنى بېغىشلايدىغان، جان تىكىپ ئىلگىرىلەيدىغان، چىدامچان كالا روھىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى تۇتۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى كۈچەپ يېتىلدۈرۈش كېرەك. تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسىپلەرنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، 1 ـ كەسىپنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، 2 ـ كەسىپتە مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇش، 3 ـ كەسىپنى زور تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش ئىستراتېگىيەسىنى قەتئىي يولغا قويۇپ، خاس، ئەۋزەل كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈپ، زورايتىپ، ساياھەتچىلىكنى باشلامچى قىلىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك مۇلازىمەتچىلىك ۋە تۇرمۇش خاراكتېرلىك مۇلازىمەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» قاتارلىق نۇقتىلىق ساھەلەردىكى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇشنى تېزلىتىپ، شەھەر ـ يېزىلارنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتى ۋە بىڭتۈەن بىلەن يەرلىكنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ، كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنى ئەلالاشتۇرۇش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، سۈپەت ئۆزگىرىشى، ئۈنۈم ئۆزگىرىشى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئۆزگىرىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش كېرەك. «تۆتنى توختاتماسلىق» تەلىپىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە كۆزىتىپ ئۆلچەش ۋە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش تۈزۈمى مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىچكى تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى كۈچەپ ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىشنى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

بەشىنچىدىن، زور كۈچ بىلەن خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش كېرەك. خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، باشتىن ـ ئاخىر خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان يېڭى ئارزۇسىنى قاندۇرۇشنى تەرەققىياتنىڭ مەۋقەسى ۋە مەقستى قىلىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش سىياستىدە چىڭ تۇرۇپ، كۈچەپ ئىشقا ئورۇنلىشىشنى مۇقىملاشتۇرۇپ، كېڭەيتىپ، خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشلىرىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش كېرەك.

ئالتىنچىدىن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، دىنلار ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. پارتىيەنىڭ مىللەت سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كەڭ ئالاقىلىشىشى، ئومۇميۈزلۈك ئالماشتۇرۇشى، چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەش؛ پارتىيەنىڭ دىن خىزمىتى ئاساسىي فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا يېتەكلەش؛ شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى خىزمەتلەرنى چوڭقۇر ياخشى ئىشلەش كېرەك.

يەتتىنچىدىن، ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، يېشىل تەرەققىي قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق، ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئېكولوگىيەنى قوغداش قىزىل سىزىقىنى قەتئىي ساقلاپ، قۇمنى تىزگىنلەش، سۇنى تىزگىنلەش ۋە ئورمان، ئوتلاقنى قوغداش خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ قانات يايدۇرۇپ، تىرىشىپ گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

سەككىزىنچىدىن، ھەقىقىي تۈردە ئىستىلنى ياخشىلاپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەش كېرەك. راستچىل، ئەمەلىيەتچىل بولۇش خىزمەت ئىستىلىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئۆزىنى بېغىشلايدىغان، جان تىكىپ ئىلگىرىلەيدىغان، چىدامچان كالا روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، جاپادىن قورقمايدىغان، جاپاغا چىدايدىغان غەيرەت، كۈچ ـ قۇۋۋەت بىلەن، نىشاننى چىڭ كۆزلەپ، جاپاغا چىداپ ئەمەلىي ئىشلەپ، شەكىلۋازلىق، بىيۇروكراتلىقنى قەتئىي تۈزىتىپ، قەتئىي تۈردە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، ياڭ چېڭ، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، سارقىت ئاقان، ۋاڭ مىڭشەن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، سىياسىي خىزمەتنىڭ جان تومۇرلۇق ئورنى، رولى مۇستەھكەملىنىپ، ئېسىل ئەنئەنە جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش يەنىمۇ كۈچەيتىلىپ، يېڭى دەۋردىكى ئارمىيەنىڭ سىياسىي خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى، دەۋر باش تېمىسى، ئاساسىي ۋەزىپىسى ۋە پرىنسىپى، ئاساسلىق مەزمۇنى، پارتىيەنىڭ ئارمىيەنىڭ سىياسىي خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكى، سىياسىي خىزمەت تارماقلىرى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئاپپاراتلىرى، پارتىيە كومىتېتى سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ ئاساسلىق خىزمەتلىرى، سىياسىي كادىرلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتى ۋە ساپا تەلىپى، ئارمىيەنىڭ سىياسىي خىزمىتىنى تەشكىللەپ يولغا قويۇش ۋە نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش قاتارلىقلارغا قارىتا ئومۇميۈزلۈك بەلگىلىمە چىقىرىلدى.

«نىزام» يېڭى دەۋردىكى ئارمىيەنىڭ سىياسىي خىزمىتىدىكى پارتىيەنىڭ ئاساسىي غوللۇق ئىچكى نىزامى، ئارمىيەنى سىياسىي ئارقىلىق قۇرۇشنىڭ مۇھىم ئاساسى، ھەربىي سىياسەت، تۈزۈم ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ مۇھىم نەتىجىسى. «نىزام»نىڭ ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلۇشى مۇقەررەركى پارتىيەنىڭ ئارمىيەنىڭ سىياسىي خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردىكى ئارمىيەنى سىياسىي ئارقىلىق قۇرۇش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ئارمىيەنىڭ «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، ھەربىي كومىتېت رەئىسى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئارمىيەمىزنىڭ باشتىن ـ ئاخىر پارتىيەنىڭ مۇتلەق رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئارمىيەسى بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى ئارمىيەنىڭ بۇرچى، ۋەزىپىسىنى ئۈنۈملۈك ئادا قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، پارتىيەنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، خەلق ئارمىيەسىنى دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئارمىيە قىلىپ ئومۇميۈزلۈك قۇرۇپ چىقىشنى كۈچلۈك سىياسىي كاپالەت بىلەن تەمىنلەيدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كىرگۈزدى ھەم ئالقات پېۋىسىنى تەتقىق قىلىپ ئىچىپ بازارغا سالدى، بازاردا تەمىنلەش ئېھتىياجنى قاندۇرالمىدى.

«بىزنىڭ قىلغىنىمىز ئادەتتىكى ئالقات قۇرۇق مېۋىسىنى ئىنچىكە، چوڭقۇر پىششىقلانغان مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش بولۇپ، چوڭقۇر پىششىقلاش ئارقىلىق ئالقاتنىڭ قوشۇلما قىممىتى ئۈزلۈكسىز ئاشتى.» جاڭ بىلىڭ مۇنداق دېدى: شىركىتىمىز ئالقات مېۋە شەربىتى، ئالقات پېۋىسى، ئالقات كۋاسى، ئالقات ساغلاملىق بۇيۇملىرى قاتارلىق 37 خىل مەھسۇلاتنى تەتقىق قىلىپ ئاچتى، ھەربىر تال ئالقاتنىڭ «ھەممە يېرىدىن تولۇق پايدىلاندى».

نۆۋەتتە، جىڭ ناھىيەسىدە ئالقاتنى ئىنچىكە، چوڭقۇر پىششىقلاش كارخانىسىدىن جەمئىي 12سى، تېرىقچىلىق كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىدىن 25ى، قۇرۇتۇش زاۋۇتىدىن 300 نەچچىسى بار. ئالقات قۇرۇق مېۋىسىدىن ئالقات ئىچىملىكى، ئالقات ئېنزىمى، ئالقات پېۋىسى قاتارلىق چوڭقۇر پىششىقلانغان مەھسۇلاتلارغىچە، جىڭنىڭ كىچىك ئالقاتلىرى شۆھرەتكە ئېرىشتى، يۇقىرى قىممەتكە ئىگە بولدى.

2020 ـ يىلى، جىڭ ئالقىتى كۆزنى چاقنىتىدىغان بىر پارچە نەتىجە قەغىزى تاپشۇردى، پۈتۈن ناھىيەدىكى ئالقات قۇرۇق مېۋىسى ھەم ئۇنىڭ چوڭقۇر پىششىقلانغان مەھسۇلاتلىرى 4500 توننىدىن كۆپرەك ئېكسپورت قىلىنىپ، ئامېرىكا، كانادا، ھىندىستان، سىنگاپور، ياپونىيە قاتارلىق 20 نەچچە دۆلەت ۋە رايونغا سېتىلدى.

«بۇ يىل بىز ئىككى ئالقات پېۋىسى ئىچىتىش ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى ۋە ئالقات پېۋىسىنى قۇتىغا قاچىلاش ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىنى يېڭىدىن كۆپەيتىپ، پېۋا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ھەر كۈنى 35 تونىنغا كېڭەيتىشنى ھەم ۋۇخەن، گۇاڭجۇ قاتارلىق جايلاردا سېتىش تور نۇقتىلىرىنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىپ، مەھسۇلاتنىڭ بازار رىقابەت كۈچىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، ئالقات كەسپىنى ئالقات تېرىغان دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش زەنجىرىگە ئايلاندۇرۇپ، جىڭ ئالقىتىنى ئەلالاشتۇرۇش، سۈپەتلىك قىلىش، كۈچلۈك قىلىشنى پىلانلىدۇق» دېدى جاڭ بىلىڭ تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شەندۇڭدىن شىنجاڭغا ياردەم بېرىشكە كەلگەن كادىرلارنىڭ يېتەكلىگەنلىكىگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز».

مەيخان روزى ئائىلىسىدىكى ئۈچ جاننىڭ 4.5 مو تېرىلغۇ يېرى بار بولۇپ بۇلتۇر بىر قېتىمدا ئالاھىدە ئاچچىق (پىگمېنتلىق) لازا تېرىپلا 15 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى.

يېڭىسار ناھىيەسى ئىلگىرى بىر مەھەل نامرات نوپۇس كۆپ، نامراتلىق دەرىجىسى ئېغىر، نامراتلىشىش سەۋەبى مۇرەككەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش قىيىن بولۇش سەۋەبىدىن، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدىكى يېڭىش ئەڭ قىيىن بولغان قاتتىق قىيىنچىلىقلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغانىدى. بۈگۈنكى كۈندە كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشىگە ئەگىشىپ، نامرات ئائىلىلەر خاس دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى تېرىش ئارقىلىق يېڭى تۇرمۇشقا ئېرىشتى.

ئىلگىرى، مەيخان روزى ئائىلىسىدىكىلەر بۇغداي، كۆممىقوناق تېرىپ، ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىنى تۈگىتىپلا ناھىيە بازىرىغا بېرىپ ئىشلەمچىلىك قىلغان بولسىمۇ، لېكىن نامراتلىق قىياپىتى يەنىلا ئۆزگەرمىگەنىدى.

«بۇنداق ئۆتتۈۋېرىشكە بولمايدۇ، پىكىر يولىنى ئۆزگەرتىش كېرەك.» 2020 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، شىنجاڭغا ياردەم بېرىشكە كەلگەن كادىر لى شياۋچاڭ ساغان بازارلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كەنت ئاھالىلىرىنى ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشكە يېتەكلىدى.

ساغان بازىرىغا كەلگەندىن كېيىن، لى شياۋچاڭ پۈتۈن بازاردىكى 21 كەنتنى ئارىلاپ، شەندۇڭدا پىشىپ يېتىلگەن كۆكتات تېرىش تېخنىكىسىنى ساغان بازىرىغا كىرگۈزۈپ، «ساماساق + ئالاھىدە ئاچچىق لازا» نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش ئەندىزىسى ئارقىلىق، «ئاچچىق ئىقتىساد»نى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىشنى پىلانلىدى.

«ئالاھىدە ئاچچىق لازىنى بىز تېرىپ باقمىغان، كىم تېرىيالايدۇ؟»

«ئالاھىدە ئاچچىق لازا تېرىپ پۇل تاپقىلى بولامدۇ؟»

كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئەندىشىسىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، لى شياۋچاڭ دائىم كەنتلەرگە بېرىپ ئائىلىلەرگە كىرىپ كەنت ئاھالىلىرىگە خىزمەت ئىشلىدى، يەنە شەندۇڭدىن تېخنىك خادىم تەكلىپ قىلىپ، ساغان بازىرىدا 800 مو يەرگە ئالاھىدە ئاچچىق لازىنى سىناق قىلىپ تېرىدى.

«سىناق قىلىپ تېرىلغان 800 مو يەردىكى ئالاھىدە ئاچچىق لازىنىڭ مو بېشىدىن 3000 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلىندى. لازا تېرىغان كەنت ئاھالىلىرىنىڭ پۇل تاپقانلىقىنى كۆرۈپ، كۆپچىلىكنىڭ ئەندىشىسىمۇ تۈگەپ، بەس ـ بەستە لازا تېرىشنى تەلەپ قىلدى» دېدى لى شياۋچاڭ.

«بىز شەندۇڭدىكى بىر كارخانا بىلەن ئالاھىدە ئاچچىق لازا سېتىۋېلىش ـ سېتىش توختامى ئىمزالىدۇق، ھەر كىلوگىرامىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى ئون يۈەندىن تۆۋەن بولمايدۇ» دېدى ساغان بازارلىق يېزا خىزمىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ئوبۇلقاسىم ئەخمەت.

بىر قېتىمدا لازا تېرىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئۇلاپ ساماساق تېرىپ مەيخان روزى ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلاندى. «بۇلتۇر لازىنى يىغىپ بولغاندىن كېيىن، يېزىدىن سولياۋ يوپۇق يېپىپ ساماساق تېرىڭلار دېدى، يېرىمىزنىڭ ھەممىسىگە ساماساق تېرىدۇق» دېدى مەيخان روزى خۇشال ھالدا.

بۇلتۇر 7 ـ ئايدا، ساغان بازىرى شەندۇڭدىن يەنە 150 توننىدىن ئارتۇق ساماساق ئۇرۇقى سېتىۋېلىپ، ئۈچ تېخنىك خادىم تەكلىپ قىلىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ساماساق تېرىشىغا پۈتۈن جەريانلىق يېتەكچىلىك قىلدۇردى.

« ‹ئالاھىدە ئاچچىق لازا + ساماساق› نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش ئەندىزىسى بويىچە ساماساق تېرىدىغاندا، ئادەتتىكى يىللاردا مو بېشىدىن 2000 كىلوگىرامدىن ئارتۇق ساماساق يىغىۋالغىلى بولىدۇ، ھەر كىلوگىرامىنىڭ باھاسى 2.5 يۈەن بولۇپ، بىر مو يەردىن 5000 يۈەن كىرىم قىلغىلى بولىدۇ.» مەيخان روزى ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: ساماساقنى يىغىپ بولۇپ لازا تېرىغاندا بىر مو يەردىن يىلىغا 8000 يۈەن كىرىم قىلغىلى بولىدۇ.

«كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلاندى، ھېلىمۇ ياخشى شەندۇڭدىن شىنجاڭغا ياردەم بېرىشكە كەلگەن كادىرلار بار ئىكەن!» دېدى ئوبۇلقاسىم.

بۈگۈنكى كۈندە، يېڭىساردا ساماساق، ئالاھىدە ئاچچىق لازا تېرىش كۆلىمى بارغانسېرى كېڭەيدى، «ئاچچىق ئىقتىساد»نى چۆرىدىگەن كارخانىلارمۇ بەس ـ بەستە ماكانلاشتى، قوشۇلما قىممىتى يۇقىرى بولغان بىر كۆكتات كەسىپ زەنجىرى شەكىللەنمەكتە.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

لىنىيەسىدە مۇز توڭۇپ توسۇلۇپ قېلىش ئەھۋالىنىڭ بارلىقىغا ھۆكۈم قىلىپ، دەرھال تۇرۇبا لىنىيەسىنى بىر تەرەپ قىلىشقا كىرىشتى.

چاغان مەزگىلىدە، قارامايلى گاز ئېلىش مەشغۇلات رايونىدا 70 نەچچە ئىشچى ـ خىزمەتچى ئىش ئورنىدا چىڭ تۇردى. داشۆنى ئەمدىلا پۈتكۈزگەن سۇڭ خاۋشىڭ شۇ كۈنى تۈنجى قېتىم ئۇستىسىغا ئەگىشىپ كېچىلىك چارلاشقا چىقتى. سۇڭ خاۋشىڭ بار بۇ گۇرۇپپا 20 نەچچە قۇدۇقنى چارلاپ تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، ئادەتتىكى ئەھۋالدا، گۇرۇپپا ھەر كۈنى يېرىم كېچە سائەت 3 ـ 4كىچە چارلاپ تەكشۈرەتتى، ئەگەر تاسادىپىي ئەھۋالغا يولۇقسا، ۋاقىت تېخىمۇ ئۇزىراپ كېتەتتى. سۇڭ خاۋشىڭ مۇنداق دېدى: گەرچە ناھايىتى جاپالىق بولسىمۇ، لېكىن مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان ئائىلىگە ئىللىقلىق يەتكۈزىدىغانلىقىمىزنى ئويلىساق، قانچە جاپا تارتساقمۇ ئەرزىيدۇ.

---

## توك يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى يۇقىرى ئۆلچەمدە ئورۇنداش

**□ئۇلغۇچى: شىنجاڭ شەرقىي جۇڭغار ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئىشخانىسى تەشۋىقات، ئۇچۇر بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم ئەزاسى ۋاڭ چيەنشى**

2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، چۆللۈكنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان شىنجاڭ شەرقىي جۇڭغار ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى تەۋەلىكىدىكى ±1100 كىلوۋولتلۇق سانجى توك ئالماشتۇرۇش پونكىتىدىكى 50كە يېقىن ئىشچى ـ خىزمەتچى سانجى ـ گۇچۈەن «شىنجاڭنىڭ توكنى سىرتقا يەتكۈزۈش» بىرىنچى سېپىدە چىڭ تۇرۇپ، خۇادۇڭ رايونىنىڭ ئۇنىۋېرسال توك ئىشلىتىشىگە كاپالەتلىك قىلدى.

±1100 كىلوۋولتلۇق سانجى توك ئالماشتۇرۇش پونكىتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى يىن خۇڭشيا مۇنداق تونۇشتۇردى: سانجى ـ گۇچۈەن ±1100 كىلوۋولتلۇق ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق تۇراقلىق توك يەتكۈزۈش لىنىيەسى قۇرۇلۇشى شىنجاڭ شەرقىي جۇڭغار (سانجى) توك ئالماشتۇرۇش پونكىتىدىن باشلىنىپ، ئەنخۇينىڭ شۈەنچېڭ (گۇچۈەن) توك ئالماشتۇرۇش پونكىتىدا ئاياغلىشىدۇ، لىنىيەنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 3293 كىلومېتىر. 2019 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن تارتىپ 2021 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى سائەت نۆلگىچە، توك ئالماشتۇرۇش پونكىتى خۇادۇڭ رايونىغا 59 مىليارد 300 مىليون كىلوۋات سائەت توك يەتكۈزدى، بۇ، 22 مىليون 800 مىڭ ئادەتتىكى ئائىلىنىڭ بىر يىللىق توك ئىشلىتىش مىقدارىغا باراۋەر.

«توك ئالماشتۇرۇش پونكىتىدىكى يۈرۈشۈشنى تەكشۈرگۈچى بارلىق خادىملارنىڭ تىرىشچانلىقىدا، توك ئالماشتۇرۇش پونكىتى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئەزەلدىن كاشىلا كۆرۈلۈپ توك يەتكۈزۈش توختاپ قالىدىغان ئەھۋال كۆرۈلمىدى، توك يەتكۈزۈش ۋەزىپىسى يۇقىرى ئۆلچەمدە ئورۇندالدى.» يىن خۇڭشيا مۇنداق بىلدۈردى: «بۇ يىل بىز يۈرۈشۈشنى تەكشۈرۈش ـ باشقۇرۇشنى يەنىمۇ ئەلالاشتۇرۇپ، يۈرۈشۈشنى تەكشۈرۈش كەسپىنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈپ، توك ئالماشتۇرۇش پونكىتىنىڭ بىخەتەر، مۇقىم يۈرۈشۈشىگە پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلىمىز».

---

## سۈت مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەشكە پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلىش

**□ ئۇلغۇچى: ئۈرۈمچى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى (تۇدۇڭخابا رايونى) ئاخبارات مەركىزىدىن دۇ دۇڭلىڭ**

چاغان مەزگىلىدە، ئۈرۈمچى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى (تۇدۇڭخابا رايونى)غا جايلاشقان ئۈرۈمچى يىلى يېمەكلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى نورمال ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللاندى. شىركەتنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇنداق تونۇشتۇردى: نۆۋەتتە تۆت ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىنىڭ ھەممىسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، ھەر كۈنى 130 ـ 140 توننا ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىغا كاپالەتلىك قىلىۋاتىمىز.

«بىزنىڭ سۈيۇق ھالەتتىكى سۈت سېخىمىزدا 100گە يېقىن ئادەم بار، سىرتتىن كەلگەن بىر قىسىم ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇپ ئۆز جايىدا قېلىپ چاغان ئۆتكۈزدى.» گەنسۇلۇق ئىشچى ماۋ جيۈك مۇنداق دېدى: شىركەت ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئۆز جايىدا چاغان ئۆتكۈزگەن ئىشچىلار ئۈچۈن يېتەرلىك ئارقا سەپ كاپالىتىنى ياخشى ئىشلىدى، يەنە زاۋۇت ئىچىدە ھەقسىز كىنو كۆرۈش قاتارلىق قەلبلەرنى ئىللىتىدىغان كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى، شىركەتنىڭ قەلبلەرنى ئىللىتىش كاپالىتى ماڭا ئوخشاش سىرتتىن كەلگەن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى تېخىمۇ خاتىرجەم ھالدا تىرىشىپ ئىشلەيدىغان قىلدى.

ئۈرۈمچى يىلى يېمەكلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇش، ئۇچۇرلاشتۇرۇشنى پۈتۈن كەسىپ زەنجىرىگە سىڭدۈرۈپ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق يېمەكلىك بىخەتەرلىكىگە تۈرتكە بولۇپ، مەسئۇلىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلۇقنىڭ ساغلام بولۇشىنى قوغدىدى. 2020 ـ يىلى شىركەت يىل بېشىدا بېكىتىلگەن نىشاننى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىدى، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەتنى تەرتىپلىك ئېلىپ باردى. بۇ يىل شىركەت ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئاپتوماتلىشىش سەۋىيەسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ ھەم ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىنى كېڭەيتىپ، ئۈرۈمچى ھەتتا پۈتۈن شىنجاڭنى سۈت مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەشكە پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلىدۇ.